# 152203 - ھۈنەر-كەسىپ قىلىش جەريانىدا ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاپ تاپقان پۇل ھارام بولامدۇ؟

## سوئال

قىسقارتىپ دىسەم: مەن بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشىقى قىلىمەن، بەزى ۋاقىتتا پروگراممىا ئىشلەيمەن. مۇزىكا ئاڭلاشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلمەن، لېكىن مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىش ئارىسىدا ناخشا-مۇزىكا ئاڭلىسام، مۇزىكا ئاڭلاش جەريانىدا قىلغان ئىشلىرىم ھارام بولامدۇ؟، يەنى ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئىشلىگەن پروگراممىلىرىم ئارقىلىق تاپقان پۇلۇم ھارام بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا،ئائىلە-تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابى كىراملارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، مۇزىكا چېلىپ ناخشا ئوقۇش ۋە ئاڭلاش چەكلىنىدۇ، ئۇ ناخشا دىنى ناخشا بولسۇن ياكى باتۇرلۇققا ئۈندەيدىغان ناخشا بولسۇن ياكى ھىس-تۇيغۇلىرىنى قوزغايدىغان ناخشا بولسۇن ئوخشاشلا چەكلىنىدۇ، پەقەت توي مۇراسىمى، ھېيت-بايرام ياكى يىراقتىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋىلىش ئۈچۈن داپ چېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇنىڭ تەپسىلاتى 5000 نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىدا ئوچۇق بايان قىلىنغان.

ئەمما مۇزىكىسىز ناخشا بولسا ئايال ناخشىچى ئەرلەرگە ناخشا ئوقۇپ بەرسە بولمايدۇ، ئەمما ئەرلەر ئەرلەرگە ئوقۇپ بەرسە، مۇزىكىسىز بولغان ئىسلامى شېئىر ياكى قەسىدىلەر بولسا دۇرۇس بولىسمۇ، بۇنى كۆپ ئاڭلاش ياكى ۋاقىتنى بۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزۈش توغرا بولمايدۇ.

كۆپچىلىك ئالىملار مۇزىكا ئاڭلاشنىڭ چەكلەنگەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن.

ئىككىنچى: ھۈنەر-كەسىپ ۋە خىزمەت جەريانىدا ياكى بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋاقتىدا چەكلەنگەن ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلىغان بولسا، بۇنىڭ قىلىدىغان خىزمەتلىرىگە تەسىرى بولمايدۇ، شۇنىڭدەك دۇرۇس بولغان پروگراممىلارنى تەييار قىلىپ ھالالدىن ئىقتىساد توپلىغان بولسا، بۇ دۇرۇس بولغان پروگراممىلارنى تەييارلاش بىلەن ئېرىشكەن ھالال مال ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىللىق ئىنسان ئۆز ۋاقتىنى مەنپەئەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ۋاقتىتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ. خىزمەت جەريانىدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ياكى قۇرئان كەرىم تىلاۋىتىنى ئاڭلاش ياكى بەدەن چېنىقتۇرۇش

جەرياندا پايدىلىق بولغان ۋەز-نەسھەتلەرنى تىڭشاش ئارقىلىق بۇ كىشى ئۇنلارچە ھەتتا يۈزلەرچە ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭدەك ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش ئارقىلىق ياخشىلىق پۇرسەتلىرىنى كەتكۈزىۋېتىش، ۋاقتىنى پايدىسىز ئىش بىلەن زايە قىلىش سەۋەبلىك يۈزلەرچە خاتالىقنى ئۈستىگە يۈكلەيدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىم ئاڭلاش ۋە ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش بىلەن ئىنساننىڭ قەلبى ئىسلاھ بولىدۇ، كۆڭلى راھەتلىنىدۇ، تۇرغان ئورنى پاكىزە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ كالامى بىلەن شەيتاننىڭ مۇزىكىسىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار.

ئاللاھ تائالادىن سىزنىڭ قەلبىڭىزنى نۇرلاندۇرۇشنى، خاتالىقلىرىڭىزنى ئەپۇ قىلىشنى، شۇنداقلا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزىگە يېقىنلىشىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىشنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.